## 190113 ـ رامزاننىڭ كۈندۈزىدە ئەر-ئايال مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ئىسپىرما چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن روزا بۇزۇلىدۇ

### سۇئال

مەن يېڭىدىن توي قىلغان قىز، ئىسلام سوئال-جاۋاپ تور بېكىتىدىن: رامىزاندا كۈندۈزدە ئەر-ئايال مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ ئىسپېرما چىقمىسا روزا بۇزۇلمايدۇ دېگەن مەزمۇندىكى ماقالىنى تاپتىم، يەنە مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەستىن مەنى-ئىسپېرما چىقسا بۇ توغرىدىكى ئۆلىمالارنىڭ ئىختىلاپلىرىنى كۆردۈم. رامزاننىڭ كۈندۈزدە، يولدىشىم بىلەن ئوينىشىپ يېقىنچىلىق قىلدۇق، يولدىشىم مەنى چىقارماسلىقا رىئايە قىلىپ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدى، مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كىيىن يولدىشىم: ئۆزىدىن ئازراق ئاق نەرسە چىققانلىقىنى ئۇنىڭ مەنى ياكى مەزى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى، مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىر نەرسە چىقىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ھېسياتىغا بېرىلمەسلىكنى تەلەپ قىلدىم، ئۇ شۇنداق قىلدى. بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟، بۇنىڭغا قازاسىنى قىلىش بىلەن بىللە كاپارەت بېرىش كېرەكمۇ؟ بىلىشىمچە يولدىشىم بۇنداق ئىشقا كاپارەت كېلىدىغانلىقىنى ھەرگىز بىلمەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا بىۋاستە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندىن كىيىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئۇنىڭدىن بەك ئاز بىرنەرسە چىقىپتۇ، ئاز بولغانلىقتىن ئۇنىڭ مەنى ياكى مەزى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ؟ قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

1- سوئال سورىغۇچى قىزچاقنىڭ تور بەتتىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ مەنى چىقمىسا روزا بۇزۇلمايدۇ دېگەن سۆزنى تاپتىم دېگىنى توغرا ئەمەس، بىزنىڭ تور بەتتە بۇنداق سۆز يوق، بەلكى بۇ سۆزنىڭ ئەكسى-قارشىسى بار: مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش جىما بولۇپ روزىنى بۇزىدۇ، ئۆلىمالارنىڭ بىرلىكى بىلەن بۇنداق قىلغان كىشىگە كاپارەت كېلىدۇ.

بىزنىڭ تور بىتىمىزدە 148163-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا مۇنداق كەلگەن: سەپەر قىلمىغان، ئۆز يۇرتىدا مۇقىم تۇرغان كىشى روزا تۇتۇپ رامىزاننىڭ كۈندۈزىدە ئايالى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ كىشىگە قاتتىق كاپارەت كېلىدۇ، ئۇ كاپارەت: قۇل ئازاد قىلىش، ئەگەر قۇل تاپالمىسا ئىككى ئاي ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇش، بۇنى قىلالمىسا، بىر كۈن ئۈچۈن ئاتمىش مىسكىنگە يېمەك بېرىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالادىن كەچۈرۈم سوراپ، تەۋبە قىلىپ شۇ بىر كۈنلۈك روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

ئەگەر ئايالمۇ رازى بولۇپ ماسلاشقان بولسا، مەنى چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن ئوخشاشلا جىما قىلغان بولىدۇ، ئىككى خەتنىگاھنىڭ ئۇچرىششى بىلەن ئۇلارغا كاپارەت كېلىدۇ".

"پىقھى توپلاملىرى 35-توم 55-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: ھەرقانداق ئادەم رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئايالى بىلەن بىلىپ تۇرۇپ ئۆزۈرسىز قەستەن رەسمى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە مەنى چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن بۇ ئادەمگە كاپارەت كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا پىقھى ئالىملىرى ئارىسىدا ھېچ ئىختىلاپ يوق.

بەلكىم سوئال سورىغۇچى قىزچاق ئەر-ئايال رامزاندا قۇچاقلىشىپ ياكى ئوينىشىپ مەنى چىقمىسا روزا بۇزۇلمايدۇ دېگەن سۆزنى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ مەنى چىقمىسا روزا بۇزۇلمايدۇ دەپ ئويلاپ قالغان بولىشى مۇمكىن، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك بۇ خاتا قاراشتۇر، قۇچاقلىشىش ۋە ئوينىششتىن ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەستىن مەنىيەئەتلىنىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن 95383- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

2- توغرا قاراشتا جىنسى مۇناسىۋەت قىلماستىن مەنى چىقىسمۇ روزا بۇزۇلىدۇ، بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارشى. ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئايالىنى جىنسى مۇناسىۋەت قىلماستىن سۆيۈپ قويسا ياكى قۇچاقلىسا ياكى ئايالىنىڭ بەدىنىنى قولى بىلەن ياكى باشقا ئەزاسى بىلەن سىلىسا، مەنى چىقسا روزا بۇزۇلىدۇ، مەنى چىقمىسا روزا بۇزۇلمايدۇ، ھاۋي ناملىق ئەسەرنىڭ ساھىبى ۋە باشقا ئالىملار رامزاندا ئايالىنى جىنسى مۇناسىۋەت قىلماستىن سۆيسە ياكى قۇچاقلىسا مەنى چىقسا روزا بۇزىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ بىرلىكىنى بايان قىلدى. ["ئەلمەجمۇ شەرھى مۇھەززەب" 6-توم 322-بەت].

ئىبنى رۇشد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بارلىق ئالىملار: رامزاندا ئايالىنى سۆيۈپ مەنى چىقىپ كەتسە روزا بۇزۇلىدۇ دەيدۇ". [بىدايەتۇل مۇجتەھىد 2-توم 52-بەت].

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "رامزاندا ئايالىنى سۆيۈپ مەنى چىقسا روزا بۇزۇلىدۇ بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلمەيمىز يەنى ھېچ ئىختىلاپ يوق." [ئەلمۇغنى 3-توم 127-بەت].

3-رامزاننىڭ كۈندۈزىدە ئايالى بىلەن ئويناشقاندا بەك ئېھتىيات قىلىش كېرەك، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشىلەر بولسا ئۆزىنىڭ دىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن كۈندۈزىدە ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىپ ئوينىششتىن دەرھال توختىۋىلىشى كېرەك.

ئىبنى ئابدۇلبەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ھېچ قانداق بىر ئالىمنىڭ ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشىنىڭ رامزاندا ئايالىنى سۆيۈشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئۆزىنى تۇتالماي روزىسىنى بۇزۇۋېتىدىغان كىشى رامزاننىڭ كۈندۈزدە بۇنداق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. ["ئەل ئىستىزكار" 3-توم 296-بەت].

4- رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ چەكلەنگەن-ھارام ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي جىنسى

مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا ئىسلام ئالىملىرى ئىختىلاپ قىلىشتى، ھەنبەلى مەزھەب قارىشى بويىچە بۇ سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرىنىڭ تاللىغان قارىشىمۇ شۇ: ئۇنداق قىلغان ئادەم شۇ كۈنلۈك روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇش بىلەن بىرگە كاپارەت بېرىدۇ دەپ قارايدۇ.

كۆچلۈك قاراشتا: رامزاننىڭ كۈندۈزدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ چەكلەنگەن-ھارام ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن كىشى ئۆزۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا جازا كەلمەيدۇ يەنى قازاسىنى قىلىشمۇ ياكى كاپارەت بېرىشمۇ كېرەك بولمايدۇ.

"ھاشىيەتى ئەررەۋز" ناملىق ئەسەرنىڭ 3-توم 411-بەتتە مۇنداق دەيدۇ:.. ئىبنى ئابدۇلبەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: يېمەكلىك ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئىنسانغا غالىب كەلسە يەنى ئېسىدە يوق بولۇپ قالسا ئۇ ئىش روزىنى بۇزمايدۇ، يەنە بىر قىسىم ئالىملارمۇ: يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك جىنسىي مۇناسىۋەت يېمەكلىككە ئوخشاش بولۇپ شەك بىلەن، مەجبۇرلىنىش بىلەن بىلمەسلىك-جاھىللىق بىلەنبولسا روزىغا تەسىرى بولمايدۇ دېگەن.

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر ئىش: بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك ھۆكۈمنى بىلگەن ئادەم بىلەن بىلمىگەن ئادەمنىڭ ئارىسىنى ئايرىش كېرەك، ھۆكۈمنى بىلمىگەن ئادەم ئۆزۈرلۈك ھېسابلىنىدۇ، ھۆكۈمنى بىلگەن ئەمما ئۇنىڭ جازاسىنى بىلمىگەن ئادەم بولسا، يەنى رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ چەكلەنگەن-ھارام ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەمما ئۇنىڭغا ئېغىر كاپارەت كېتىدىغانلىقىنى بىلمىگەن كىشى بولسا بۇ ئۆزۈرلۈك ھېسابلانمايدۇ، ئۇ ئادەمگە كاپارەت كېلىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھدىن: بىر ئادەم رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىپ مەنى چىقمىغان بولسا، ئۇ ئادەم جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىپ مەنى چىقسا چەكلىنىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن ئەمما بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازانى بىلمىسە بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "كۆچلۈك قاراشتا بىر ئادەم بىلمەسلىكتىن رامزاندا روزىنى بۇزىدىغان ، ئېھرامدا ئېھرامنى بۇزىدىغان، نامازدا نامازنى بۇزىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلغان بولسا بۇ ئادەمگە ھېچ قانداق جازا كەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ مەنى چىقسا چەكلىنىدىغانلىقىنى-ھارام بولىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن مەنى چىقمىسا ھارام بولمايدۇ دەپ چۈشەنگەن بولسا بۇ ئادەمگە ھېچ جازا كەلمەيدۇ.

ئەمما جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە ھارام بولىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن لېكىن بۇنىڭغا كاپارەت كېلىدىغانلىقىنى بىلمىسە، ئۇ ئادەمگە كاپارەت كېلىدۇ، چۈنكى بۇ مەسىلىدە ھۆكۈمنى بىلمىگەن ئادەم بىلەن بۇنىڭغا كېلىدىغان جازانى بىلمىگەن ئادەمنىڭ ئارىسىدا پەرق بار، ھۆكۈمنى بىلىپ جازانى بىلمىگەن ئادەم ئۆزۈرلۈك ھېسابلانمايدۇ، ھۆكۈمنى بىلمىگەن ئادەم ئۆزۈرلۈك ھېسابلىنىدۇ. ["ئايلىق ئۇچرىشىش ژۇرنىلى"(1/7)].

يەنە 107335-، 20237 -، 22938 -نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.